# خەدىچەنىڭ

# تۇنجى روزىسى



غۇنچىلار

مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

تېخى 10 ياشقىمۇ تولمىغان كىرمىگەن خەدىچە بۈگۈن ئەتىگەن ئۆيىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە سوھۇرلۇق يېگەنىدى، چاشگاھ ۋاقتى بولغاندا، ئانىسى خەدىچەگە تاتلىق-تۈرۈملەر تىزىلغان تەخسىنى تەڭلەپ تۇرۇپ: «قىزىم، بۇياققا كېلىپ ناشتا قىلىۋېلىڭ، سىز تېخى كىچىك، پۈتۈن كۈن روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمايسىز» دەپتۇ. خەدىچە ئاچچىقلانغان هالدا: «ياق، مەن هەرگىز ناشتا قىلمايمەن، تاغامنىڭ ئوغلى ئەهمەد مەندىن كىچىك تۇرۇپ تۈنۈگۈن روزا تۇتۇپتۇ، مەنمۇ بۈگۈن روزا تۇتىمەن» دەپتۇ.



بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن خەدىچە تەبەسسۇم قىلغان هالدا: «ئانا، تاتلىق-تۈرۈمنى ئاشخانىدىكى شىرە ئۈستىگە قويۇپ قويۇڭ، يەنە بىر ئىستاكان لىمون سۈيىمۇ قويۇپ قويۇڭ، قورسىقىم ئېچىپ ئۇسساپ كەتسەم، ئۇنتۇپ قالغان ۋاقتىمدا تاتلىق-تۈرۈم يەيمەن ۋە لىمون شەربىتى ئىچىمەن. شۇنداقتىمۇ روزا تۇتقاننىڭ ساۋابىنى ئېلىۋېرىمەن،- دەپتۇ.



ئانىسى قىزىنىڭ سۆزلىرىدىن خۇرسەن بولۇپ تەبەسسۇم قىپتۇ ۋە تاتلىق-تۈرۈم ۋە لىمون شەربىتىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ قويۇپتۇ.



خەدىچە مېھانخانىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ: «ئى ئاللاھىم، مېنىڭمۇ دوستۇم ئامىنەدەك روزا تۇتقىنىمنى ئۇنتۇپ قالغۇم، ئاندىن تاتلىق-تۈرۈم يەپ، لىمون شەربىتى ئىچكۈم بار» دەپتۇ. ئەمما شۇنچە قىلسىمۇ خەدىچە ئۇنتۇپ قالماپتۇ، تۇيۇقسىز يېقىن ئەتراپتىكى مەسجىتتىن ئەسر نامىزىغا ئەزان چىقىپتۇ.



خەدىچە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئاپتۇ ۋە ناماز ئوقۇپتۇ. ئۇ سەجدىدە:

— ئى ئاللاھىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنتۇپ قېلىپ تاماق يەپ سالغان ساھابىگە: «كېرەك يوق، ئۇنى ساڭا ئاللاھ رىزىق قىپ بېرىپتۇ» دېگەن ئىكەن، مېنىڭمۇ شۇ ساھابىگە ئوخشاش ئۇنتۇپ قېلىپ تاماق يېگۈم بار، — دەپتۇ.



خەدىچە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ھۇجرىسىدىن چىقىپ ئاشخانىغا كىرىپتۇ. ئۇ ئاشخانا ئىچىدە تاتلىق-تۈرۈم بىلەن شەربەتكە قاراپ ئۇياققا-بۇياققا مېڭىپتۇ ۋە «مەن نېمىشقا ئامىنە ئۇنتۇپ قالغاندەك ئۇنتۇپ قالمايدىغاندىمەن؟» دەپتۇ، ھەتتا تاتلىق-تۈرۈم بىلەن لىمون شەربىتىگە قاراپ شۆلگەيلىرى ئېقىپ كېتىپتۇ.



ئۇ ئاخىرى ياتىقىغا كىرىپ، ئۇنتۇپ قېلىشنى ئويلاپ، كارىۋىتى ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئانىسى قىزىنىڭ تاتلىق ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئېپتارلىق تاماق تەييارلاش ئۈچۈن ئاشخانىغا مېڭىپتۇ.



ھەش-پەش دېگۈچە شام نامىزىغا ئەزان چىقىپتۇ، ئانىسى ئىپتار قىلىش ئۈچۈن خەدىچەنى ئويغىتىپتۇ، خەدىچە ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ تەبەسسۇم قىلغان ھالدا: «بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم تولۇق بىر كۈن روزا تۇتۇشۇم، ئاللاھ خالىسا باشقا كۈنلەردىمۇ تولۇق روزا تۇتىمەن، بۇ روزامغا ئاللاھنىڭ ساۋاب بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپتۇ. بىر ئائىلە كىشىلىرى خۇشال-خۇرام ھالدا ئىپتار قىپتۇ.

